السنّة النبوية وعلومها
www.sunnah.global

# توغرا بولمىغان رۇقيە ئوقۇش، كۆز تېگىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن تۇمار ئېسىش ۋە ئەر-ئايالنى بىر-بىرىگە ئامراق قىلىش ئۈچۈن تۇمار پۈتۈش شېرىك ھېسابلىنىدۇ

ئابدۇللاھ بىن مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم: «توغرا بولمىغان رۇقيە ئوقۇش، كۆز تېگىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن تۇمار ئېسىش ۋە ئەر-ئايالنى بىر-بىرىگە ئامراق قىلىش ئۈچۈن تۇمار پۈتۈش شېرىك ھېسابلىنىدۇ».
[تېكىست توغرا] [ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە ۋە ئەھمەد رىۋايەت قىلغان]

پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام بەزى ئىشلارنى قىلىشنىڭ شېرىكتىن ھېسابلىنىدىغانلىقىنى بايان قىلىپ بەردى، ئۇ ئىشلاردىن: بىرىنچىسى: رۇقيە، بۇ جاھىلىيەت ئەھلىنىڭ شىپالىق تەلەپ قىلغاندا ئېيتىدىغان (شېرىكنى ئۆز ئىچىگە ئالغان) سۆزلىرىدۇر. ئىككىنچى: كۆز تېگىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن باللارنىڭ، چارۋىلارنىڭ ۋە باشقىلارنىڭ بويىنىغا ئېسىپ قويىدىغان مۇنچاقتا ئوخشاش نەرسىلەر. ئۈچىنچى: ئەر-ئايالنى بىر-بىرىگە ئامراق قىلىش ئۈچۈن ياسالغان تۇمارغا ئوخشاش نەرسىلەر. بۇ ئىشلار شېرىكنىڭ جۈملىسىدىندۇر، چۈنكى ئۇ بىر ئىشنىڭ بولىشىنى سەۋەپ قىلىشتۇر، ئۇ دەلىللەر بىلەن بېكىتىلگەن شەرئىي سەۋەپ ئەمەس، ياكى تەجرىبە بىلەن بېكىتىلگەن ھېسسى سەۋەپمۇ ئەمەس. شەرئىي سەۋەپ بولسا قۇرئان تىلاۋەت قىلىش قاتارلىقلار، ھېسسى سەۋەپ بولسا تەجرىبىلەر بىلەن ئىسپاتلانغان دورىلار بىلەن داۋالىنىش قاتارلىقلار. بۇ ھەقىقەتەن پايدا ۋە زىيان ئاللاھنىڭ قولىدا، بۇنىڭ ھەممىسى سەۋەپ دەپ ئېتىقاد قىلىش بىلەن دۇرۇس بولىدۇ.

https://www.sunnah.global/hadeeth/ug/show/5273

النجاة الخيرية
ALNAJAT CHARITY
لجنة الدعوة الإلكترونية
EDC
E-Da'wah Committee